# تارىخ بىلەن كەلگۈسىنى يورۇتۇش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قەدەم ئىزىغا ئەگىشىپ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنەيلى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جۇ جىچەي، خۇاڭ يۈ، دىڭ شياۋشى، ۋاڭ زىمىڭ

تارىخ ھەمىشە بەزى پەۋقۇلئاددە پەيتلەردە كىشىگە چوڭقۇر ئىلھام بېرىدۇ.

1949 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ مەركەز ئورگىنىنى باشلاپ شىبەيپودىن ئايرىلىپ، بېيپىڭغا قاراپ يولغا چىقتى، يولغا چىقىش ئالدىدا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «بۈگۈن بېيجىڭغا كىرىپ ئىمتىھان بېرىدىغان كۈن» دېدى.

2013 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى 1 ـ قېتىملىق پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيە — پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسى ئەمەلىيەت پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىبەيپوغا كەلدى. خاتىرە سارىيىدا، باش شۇجى ئۇزاققىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگىنىچە: «پارتىيە دۇچ كەلگەن ‹ئىمتىھان› تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق» دېدى.

تارىخ كەلگۈسىنى يورۇتىدۇ، مۇساپىنىڭ ئاخىرقى چېكى بولمايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پات ئارىدا 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالىدىغان پەيتتە، يەنە بىر مەيدان پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيە — پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى پۈتۈن پارتىيەدە قىزغىن قانات يايدۇرۇلدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قەدەم ئىزى كونا ئىنقىلابىي رايونلار ھەم ئىنقىلابىي مۇقەددەس جايلارغا يېتىپ، قىزىل ئەسلىمىلەرنى قايتا ئەسلەپ، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ، پارتىيە تارىخىدىن ئالغان ئىلھامنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىشى، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇشى، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلىشى، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

### داۋلىنى بىلىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش —— 100 يىللىق پارتىيە تارىخىنىڭ ئىچكى لوگىكىسى ۋە چوڭقۇر ئىلھامىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش

تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىدە، جۇڭگو دۆلەت مۇزېيى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

«گۈللىنىش يولى» ئاساسىي كۆرگەزمە زالىغا كىرگىنىمىزدە، تارىخنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

«ھازىر، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ئارزۇسىنى مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى».

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغىنىغا ئەمدىلا 15 كۈن بولغان يولداش شى جىنپىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ، شۇنداق تەنتەنىلىك جاكارلىدى.

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشنى قەلبكە پۈكۈش دەل 100 يىللىق سالاپەت.

باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن ـ ئاخىر چوڭ تارىخ قارىشى ئارقىلىق پارتىيە تارىخىنى كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۇنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەندى، پىكىر يۈرگۈزدى.

باش شۇجى چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخى جۇڭگونىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زاماندىن بۇيانقى تارىخىدىكى تىللاردا داستان قىلىشقا ئەڭ ئەرزىيدىغان سەھىپە»، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرۇش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش «يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئۈچ چوڭ ئابىدە».

تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىپ، 100 يىللىق مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قىزىل سەھىپىنى ۋاراقلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇرەككەپ تارىخ تۇمانلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىزچىل ئەمەل قىلىنىۋاتقان مۇقەررەر لوگىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى.

«گۈللىنىش يولى» ناملىق كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «ھەقىقەتنىڭ تەمى»نى جانلىق بايان قىلدى.

«بىر كۈنى، بىر يىگىت ئۆيدە ئىجتىھات بىلەن كىتاب يېزىۋاتقاندا، ئانىسى سىرتتا تۇرۇپ: ‹زۇڭزا يېگەندە قارا شېكەر قىيامى قوشۇسەن، يېدىڭمۇ ؟› دەپ توۋلاپتۇ، ئۇ: ‹يېدىم، يېدىم، بەك تاتلىقكەن› دەپتۇ. نەتىجىدە موماي ئىشىكتىن كىرىپ قارىسا، بۇ يىگىت بېشىنى كۆتۈرمەي كىتاب يېزىۋاتقىدەك، ئاغزى پۈتۈنلەي قارا سىياھ بولۇپ كەتكەن ئىكەن.» كۆرگەزمە ئىشكاپىدىكى «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، باش شۇجى: «بۇ كىشى كىم؟ ئۇ دەل چېن ۋاڭداۋ، مۇشۇ كىتابنى يازغان» دېدى.

بەش يىلدىن كېيىن، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ يېپىلغىنىغا ئەمدىلا بىر ھەپتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ مەخسۇس شاڭخەي ۋە جېجياڭ جياشىڭغا باردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جايدا، باش شۇجى بۇ كىچىك قوللانمىنىڭ ھېكايىسىنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى.

ھەقىقەتنىڭ تەمى نېمىشقا شۇنچە تاتلىق؟ چۈنكى دەل ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىنى ئىزدەش داۋامىدا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلار باشتىن كەچۈرۈلۈپ، ئېچىنىشلىق قان ـ ياش تۆكۈلۈۋاتقاندا، ماركسىزم خۇددى تۈن پەردىسىنى يېرىپ ئۆتكەن چاقماقتەك، ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان كونا جۇڭگوغا ئۇزاق قۇرغاقچىلىقتىن كېيىنكى يامغۇردەك ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.

2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مىڭ يىللىق ئىلىم يۇرتى بولغان يۆلۇ بىلىم يۇرتى، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كەلدى.

دەرسخانا ئالدىدا، باش شۇجى كۆنلۈك تۇتۇپ، لەمپە ئاستىدىكى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىغا قاراپ، ئۇزاققىچە چوڭقۇر ئويغا چۆمدى.

«رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئەينى يىلى مۇشۇ يەردە تاۋلانغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دەل مۇشۇ يەردىن كەلگەن. كوممۇنىستىك پارتىيە نېمىشقا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىدى؟ ئەينى يىللاردىكى شىكۇمېن، نەنخۇدىكى ئاشۇ كېمە، ئاشۇ ئون نەچچە ئادەمدىن بۈگۈنكى مۇشۇ قەدەمگە يېتىپ كەلدۇق. بۇنىڭ ئىچىدىكى يولنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇش، چوقۇم ھەقىقەتنى يەرلىكلەشتۈرۈش كېرەك».

پارتىيە تارىخىغا قايتا نەزەر سالغاندىلا، ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ، بىر توغرا يولنى تېپىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

100 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دەل ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇشتا چىڭ تۇرغاچقىلا، ماركسىزم ئاساسىي قائىدىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغاچقىلا، جاھاننى ئۆزگەرتىدىغان، ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى ياراتالىدى.

2015 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، يەنئەن ياڭجيالىڭ، مەركىزىي چوڭ زال. پارتىيە 7 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، شەنشىدە تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كەلدى.

تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان بۇ قېتىمقى يىغىندا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى پارتىيە بايرىقىغا يېزىلىپ، بۇ ياش ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيەنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە يۈزلىنىشتەك مۇھىم ئىلگىرىلەش مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى.

«پارتىيەمىزنىڭ سىناق، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ھەممىدە غەلىبە قىلالىشىدىكى ئاچقۇچ، ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز تۈردە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق ياراتالىغانلىقى ۋە نەزەرىيەدە يېڭىلىق ياراتقانلىقىدا.» ئەينى يىلىدىكى يىغىن مەيدانىدا تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھاياجانلاندى.

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدىن شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگىچە بولغان 100 يىللىق پارتىيە تارىخى ئەمەلىيەت ئاساسىدىكى نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش تارىخىدۇر.

بېيجىڭ داشۆدىن ئىبارەت جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن ماركسىزمنى تارقاتقان ۋە تەتقىق قىلغان بۇ جايغا كېلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ماركسىزم نەزەرىيەسى تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماركسىزمنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك ۋە ئىلمىي ھەقىقەت ئىكەنلىكى، نەزەرىيە ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

يۈننەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ تېڭچۇڭدىكى ئەي سىچى خاتىرە سارىيىغا كېلىپ، ئەي سىچى «ماركسىزمنى يەرلىكلەشتۈرۈشنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىختىساس ئىگىسى» دەپ تەرىپلىدى، ماركسىزمنى ياخشى تارقىتىشتا، كىتاب بويىچە ئۆلۈك سۆزلەشكە، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئۈزۈپ نەقىل كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئاممىۋىلاشتۇرۇش، ئاممىبابلاشتۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

…

تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش داۋامىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ماركسىزمنىڭ قانداق قىلىپ جۇڭگونى چوڭقۇر ئۆزگەرتكەنلىكى، دۇنيانى چوڭقۇر ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆپ قېتىم چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيەنى ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت كۈچى ۋە ئەمەلىيەت كۈچىنى ھېس قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزملىق «تۆت ئىشەنچ»نى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىشقا يېتەكلىدى.

نەزەرىيەدىكى سەگەكلىكتىن سىياسىيدىكى قەتئىيلىككىچە، تارىخىي تەجرىبىلەر ھەتتا ساۋاقلارنى خۇلاسىلەش، قايتا ئويلىنىش داۋامىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتتى.

گۇيجوۋ، قىزىل تۇپراق.

2015 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇيجوۋغا بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا، تۈنجى بېكىتىدە زۈنيىغا كەلدى.

ئەينى يىللاردىكى كۆرۈنۈش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىغىن زالىغا ئەينى يىلى يىغىنغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ بىر پارچە رەسىمسىز سۈرىتى ئېسىلغانىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىن بېرىپ تەپسىلىي كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «زۈنيى يىغىنى پارتىيەمىز تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە مۇھىم يىغىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش، توغرا سىياسىي لۇشيەن ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرنى چىڭىتىش، قەيسەر، پىششىق يېتىلگەن مەركەز رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قىممەتلىك تەجرىبە ۋە مۇھىم ئىلھام قالدۇردى».

2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم گۇيجوۋغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى. ۋۇجياڭ دەرياسى ساھىلىدە مېڭىپ، قارشى قىرغاقتىكى چوڭقۇر ھاڭ، تىك قىيالارغا نەزەر تاشلاپ، باش شۇجى تەسىرلەنگەن ھالدا: «بۇ يەردىن ئەينى يىلى قىزىل ئارمىيەنىڭ ۋۇجياڭ دەرياسىدىن قانچىلىك تەستە بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ!» دېدى.

100 يىللىق پارتىيە تارىخىدا، قانچىلىغان داۋالغۇشلار، قانچىلىغان كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ئىشلار بولدى، خەتەر ئىچىدىن ھايات يولى تېپىش، خەۋپ ـ خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشتا نېمىگە تايىنىلدى؟

«زۈنيى يىغىنىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنى ئورنىتىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئىجادىي تۈزدى ۋە يولغا قويدى. بۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ئىدى.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا، جەزمەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. 100 يىللىق پارتىيە تارىخى دەل پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش تارىخىدۇر.

فۇجيەندىكى گۇتيەن يىغىنى ئەسلىي ئورنىنى قايتا زىيارەت قىلىپ، پۈتۈن ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى ئېچىپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش؛ يەنە خېبېي شىبەيپوغا بېرىپ، «ئىككى جەزمەن»نىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ھېس قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش؛ بېيجىڭ شياڭشەنگە كېلىپ، پۈتۈن پارتىيەنى «ئىمتىھان بېرىش» سەگەكلىكى ۋە قەتئىيلىكى بىلەن يېڭى دەۋر ئىمتىھان قەغىزىگە ياخشى جاۋاب يېزىشقا ئەسكەرتىش…

تارىخىي نەق مەيداندىكى نۇرغۇن قېتىملىق «پارتىيە تارىخى ئوقۇتۇشى دەرسى» ئارقىلىق، باش شۇجى شى جىنپىڭ كىشىلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن قابىل ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن يارايدىغانلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە يېتەكلىدى.

### ئەخلاقنى ئۇلۇغلاپ، ئەخلاق مىزانى ئورنىتىش —— 100 يىللىق پارتىيە تارىخىنىڭ قىزىل گېنى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىنى تىكلەش

2015 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، خەلق سارىيىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك چوڭ زالىدا، جەڭگىۋار ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ھۆرمەت قەدىمى بىلەن مەيدانغا كىرىپ، مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ تىك تۇردى، كانايچىلار ياڭراق مۇراسىم كانىيى چالدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىكارلار ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان «جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئوردېنى»نى بىر ـ بىرلەپ تاقاپ قويدى، ھەم ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

بىر ئۈمىدلىك مىللەتتە قەھرىمان بولمىسا بولمايدۇ، بىر ئىستىقباللىق دۆلەتتە ئاۋانگارت بولمىسا بولمايدۇ.

جىڭگاڭشەندىكى ئىنقىلابىي قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىدىن، جېڭجېي ناھىيەسىدىكى ئىنقىلابىي قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارىغىچە، يەنە قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەردىكى ئۇچرىشىش خاتىرە ئابىدىسىگىچە؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خاتىرە كۈنىدىن، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىگىچە، يەنە نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا قازا قىلغانلارغا دۆلەت تەزىيە بىلدۈرۈش كۈنىگىچە... پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، قەھرىمانلار مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن جايدا، قەھرىمانلار روھىغا تەزىيە بىلدۈرۈلگەن پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ قەھرىمانلارنى ياد ئەتكەن، قەھرىمانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن كۆرۈنۈشلەر كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاشتا قىزىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش، مەنىۋى تومۇرنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

«ھەر قېتىم جىڭگاڭشەن، يەنئەن، شىبەيپو قاتارلىق ئىنقىلابىي مۇقەددەس جايلارغا بېرىشىمنىڭ ئۆزى بىر خىل روھىي جەھەتتىكى، ئىدىيە جەھەتتىكى تاۋلىنىش.» باش شۇجى شى جىنپىڭ دائىم مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇلۇغ تارىخنى كۆپرەك ئەسكە ئېلىپ تۇرساق، قەلبىمىزدە نۇرغۇن ئاكتىپ كۈچ كۆپىيىدۇ».

بۇ كۈچ ئىنقىلابىي غايىگە بولغان سادىقلىقتىن كەلگەن ——

جياڭشى گەنجوۋ، مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش خاتىرە مۇنارى يۈدۇ دەرياسى ساھىلىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، ئاشۇ قېتىملىق ئۇلۇغ يىراققا يۈرۈش قەلىشنى بايان قىلىپ تۇراتتى.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئايروپىلاندىن، پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئاپتوموبىلغا ئالمىشىپ، يەتتە سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ، تارىخنىڭ ئەكس ساداسىغا قۇلاق سالدى، قىزىل ئەسلىمىلەرنى ئىزدىدى.

«ئىنقىلابىي غايە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. غايە ـ ئېتىقاد ئوتى تۇتاشتۇرۇلدى، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ غايە ـ ئېتىقاد بىزدە چوقۇم بولۇشى كېرەك، بۇ ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىشىمىز كېرەك».

100 يىللىق شانلىق يىللار ئېتىقادنىڭ مۇستەھكەملىكىنى خاتىرىلەپ، قەھرىمانىنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتماقتا.

يولغا چىققان جاي يۈدۇدىن، ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ توختىغان خۇنەن چېنجوۋغىچە، مۇھىم، زور بۇرۇلۇش يۈز بەرگەن جاي گۇيجوۋ زۈنيىغىچە، ئۇچرىشىش جايى بولغان نىڭشيا جياڭتەيپۇغىچە، يەنە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيەسى كەسكىن جەڭ قىلغان گەنسۇ گاۋتەيغىچە... باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇزۇن سەپەر ئىزنالىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىزدەپ، جاھاننى لەرزىگە سالغان مەنىۋى ئۇلۇغ كۈچنى ھېس قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەردە ياخشى مېڭىش چاقىرىقىنى چىقاردى.

بۇ كۈچ ئېسىل ئەنئەنىنى چىڭ ساقلاشتىن كەلگەن ——

بادەن جىلىن قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى خېيخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جۇڭگونىڭ تۇنجى قويۇپ بېرىش مەيدانى بولغان جيۇچۇەن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزى جايلاشقان. يەنە 700دىن ئارتۇق ئالەم قاتنىشى قەھرىمانى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن دۇڭفېڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى قويۇپ بېرىش مۇنارى بىلەن بىللە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

2013 ـ يىلى چاغاننىڭ ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان قەھرىمانلارغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھى، ئادەملىك ئالەم قاتنىشى روھى ۋە «شەرق شاملى روھى»نى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ، قالتىس بولۇشقا ئىنتىلىپ، قۇملۇقتا يىلتىز تارتىپ، ۋەتەن ۋە خەلققە جاۋاب قايتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

لياۋنىڭ فۇشۇن، لېي فېڭنىڭ ئىككىنچى يۇرتى.

2018 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ فۇشۇن شەھىرىدىكى لېي فېڭ خاتىرە سارىيىغا مەخسۇس كېلىپ، لېي فېڭنىڭ ھاياتى ۋە ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. لېي فېڭنىڭ قول يازمىسى، ئەستىلىك بۇيۇملىرى، سۈرەتلىرى قاتارلىق كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ئالدىغا كەلگەندە، باش شۇجى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قەدىمىنى توختىتىپ كۆرۈپ، لېي فېڭ روھىغا ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«ئەگەر 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئارتۇق جۇڭگولۇق، 89 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى، 4 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ھەممىسى لېي فېڭ روھىدىن ئۆگىنەلىسە، ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدا مەڭگۈ داتلاشمايدىغان بىر تال بۇرما مىخ بولالىسا، بىزنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىمىز، جەڭگىۋارلىقىمىز چەكسىز زورىيىدۇ، بىز ھەممىدە غەلىبە قىلالايمىز» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

بۇ كۈچ ئەسلىي مەقسەت، خىسلەتنى چىڭ ساقلاشتىن كەلگەن ——

خېنەن لەنكاۋ، بىر كوممۇنىستنىڭ مەنىۋى يەر بەلگىسى.

2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي ۋە 5 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە ئىككى قېتىم كېلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ لەنكاۋ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى بەنزىسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسى ئەمەلىيەت پائالىيىتى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

«يولداش جياۋ يۈلۇ تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش قىلاتتى، ھەمىشە جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەتتە كەينىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ كىيىمى، باش كىيىمى، ئايىغى، پايپىقى كۆپ قېتىم سۆكۈپ يۇيۇلغان، كۆپ قېتىم يامالغان، كۆپ قېتىم تىكىلگەنىدى. ئۇ پارتىيە ئىنتىزامى، پارتىيە قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلاتتى، ئەزەلدىن قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆزى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيتتى.» لەنكاۋ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جياۋ يۈلۇنىڭ پاك ئەمەلدار بولۇش ھېكايىسىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ، كۆپچىلىكنى تىرىشىپ جياۋ يۈلۇچە ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى كادىر بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

تۈرمىدە «نامراتلىق»نى يازغان فاڭ جىمىن، شۇ جايدىكى پۇقرالار تەرىپىدىن «گۇ گوڭ» دەپ ئاتالغان گۇ ۋېنچاڭ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ دېھقان بولغان گېنېرال گەن زۇچاڭ، تۆھپىسى ۋە نام ـ ئاتىقىنى چوڭقۇر يوشۇرغان پارتىيەنىڭ ياخشى جەڭچىسى جاڭ فۇچىڭ...باش شۇجى شى جىنپىڭ نەگىلا بارسا شۇ يەردە سۆزلەپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھېكايىسىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بايان قىلىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ئۈلگىلەردىن، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ئۇلارغا توغرىلىنىپ، سىياسىي ئەخلاق تۇرغۇزۇش، ئېسىل ئەخلاقنى تونۇش، ئومۇمىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش، شەخسىي ئەخلاقنى چىڭىتىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى.

100 يىللىق مۇساپىدە، ئەۋلادمۇئەۋلاد كوممۇنىستلار قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، بىر قاتار ئۇلۇغ روھنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مەنىۋى شەجەرىسىنى بەرپا قىلدى.

ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى قىزىل كېمە روھى، جىڭگاڭشەن روھى، يەنئەن روھىدىن، قۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى روھى، «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھى ۋە داچىڭ روھىغىچە، يەنە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەزگىلىدىكى ئالاھىدە رايون روھى، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش روھى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش روھى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش روھى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىغىچە...

تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاپ، قايتا ـ قايتا چوڭقۇر مۇھەببەتلىك شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، قايتا ـ قايتا سەممىي تاپىلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ تارىخقا بولغان ئىزدىنىش داۋامىدا، پۈتۈن پارتىيەنى پارتىيە تارىخىدىن پارتىيە قۇرۇش، پارتىيەنى گۈللەندۈرۈش، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ مول ئوزۇقىنى ئېلىشقا تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىش، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش جۇشقۇن روھىنى ئۇرغۇتتى.

### خەلق ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش —— 100 يىللىق پارتىيە تارىخىنىڭ يىلتىزى، قان تومۇرى ۋە كۈچ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خەلققە بەخت يارىتىش بۇرچ، مەسئۇلىيىتىنى ئۇرغۇتۇش

خۇنەن ـ جياڭشى چېگرالىنىدىغان جايدىكى لوشياۋ تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىگە ياۋزۇلارنىڭ گۈزەل كىچىك تاغلىق كەنتى جايلاشقان بولۇپ، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ھېكايە تارقالغان.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)